# ئەگەردە بىر كىشى: كىشلەر تۈگەشتى، ھالاك بولدى دېسە، ئۆزى ئەڭ ھالاك بولغۇچىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەردە بىر كىشى: كىشلەر تۈگەشتى، ھالاك بولدى دېسە، ئۆزى ئەڭ ھالاك بولغۇچىدۇر
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەگەردە بىر كىشى: كىشلەر تۈگەشتى، ھالاك بولدى دېسە، بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۇلارنى كەمسىتىش، ئۇرنىنى چۈشۈرۈش، بەزى بىر ئارتۇقچۇلۇقى بىلەن ئۆزىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇتۇشنى مەقسەت قىلسا، بۇ پىكرى بىلەن ئۆزى كىشلەر ئىچىدىكى ئەڭ ھالاك بولغۇچىدۇر. بۇ كاف ھەرىپىنى پىچ ئوقۇغان رىۋايەتكە ئاساسەن، ئەمما كاف ھەرىپىنى زەۋەر ئوقۇشقا ئاساسەن مەناسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: ئۇ كىشى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمۈتسىزلەندۈرۈشى، ئاللاھقا تەۋبە ئارقىلىق قايتىشتىن توسۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەبچى بولغان، ئۇلار ھالاك بولغانغا قەدەر ئۈمۈتسىزلىك ئىچىدە ياشاشقا تۈرتكە بولغان بولىدۇ، دېگەن مەنىدە

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8877

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee